# شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ، «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق پۈتۈن دېڭىز چوڭقۇرلۇقى ئادەملىك چۆككۈسىنىڭ 10 مىڭ مېترلىق دېڭىز سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغانلىقىنى ھەم غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ چوڭقۇر دېڭىز جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، چوڭقۇرلۇق ئىلمىي تەتقىقاتىغا كۈچ چىقارغان بارلىق پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىلىم - پەن روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن چوڭقۇر دېڭىز پەن - تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەپ، دېڭىز - ئوكيان كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىنى، ئىنسانىيەتنىڭ دېڭىز - ئوكيانلارنى تونۇشى، قوغدىشى، ئېچىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈنىڭ دېڭىز سىنىقىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىش پائالىيىتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې سىنلىق ئۇلانما شەكلىدە شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى ھەم سۆز قىلدى.

ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە دېڭىز - ئوكيان كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى تولۇق نامايان قىلىنىپ، چوڭقۇر دېڭىز پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلدى، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈنى تەتقىق قىلىپ ياساش جەريانىدا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پەن تەتقىقات كۈچىنى تولۇق قوزغاپ ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ، كۆپ تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ چوڭقۇر دېڭىز پەن - تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش يولىدىكى مۇھىم ئابىدە. مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئادەملىك چوڭقۇر چۆكۈش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتتا ماسلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەمەلىي قوللىنىش، ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ يادرولۇق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل يېڭىلاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«13 - بەش يىل»دىن بۇيان، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، جۇڭگو كېمىسازلىق گۇرۇھى بىلەن بىللە، 100گە يېقىن پەن تەتقىقات يۇرتى - ئورنى، ئالىي مەكتەپ، كارخانىدىكى 1000غا يېقىن پەن تەتقىقات خادىمىنى تەشكىللەپ، جاپاغا چىداپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. 2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ، «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈ مارىئانا دېڭىز جىلغىسىغا بېرىپ 10 مىڭ مېترلىق دېڭىز سىنىقىنى قانات يايدۇرۇپ، 13 قېتىم چۆكۈشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز قېتىم 10 مىڭ مېتىردىن ئاشتى. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 8دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە، «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈ جۇڭگونىڭ 10 مىڭ 909 مېترلىق ئادەملىك چوڭقۇر چۆكۈش يېڭى رېكورتىنى ياراتتى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ زور چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىكى ئادەملىك چوڭقۇر چۆكۈش ساھەسىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيەسىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

ئاپتونوم رايون رەھبىرى سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىكىلەرگە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

# سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىڭشەن سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىكىلەرگە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

ۋاڭ مىڭشەن دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسلىق نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى دەل جايىدا ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەش قاتارلىق جەھەتلەرنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە، بولۇپمۇ سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ بايان قىلدى ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈردى.

ۋاڭ مىڭشەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى ۋە كەڭ سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، كەڭ ياخشى تەشۋىق قىلىپ، قەتئىي ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بولۇپمۇ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى ئىنچىكە ياخشى پىلانلاپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، تورنى ئۇنىۋېرسال ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

# 10 - ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 357سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 10 - ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 357سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 398 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىدىن 241ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىسىدىن 116سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 312 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 18 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 294 كىشى بار.

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان 357 مەسىلىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگىنى 219 بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 90.87%نى ئىگىلىگەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا داڭلىق قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش - سوۋغا قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى ياكى پاراۋانلىق تارقىتىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يەپ - ئىچىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى مەسىلىدىن 101ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 43.96%، 19.82%، 9.48%نى ئىگىلىگەن.

ئاپتونوم رايون رەھبىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

# ئومۇمىي يىغىن روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى پۇختا قىلىش، ئىنچىكە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش لېكسىيە يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياڭ شىن لېكسىيە سۆزلىدى.

ياڭ شىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئاچقان بىر قېتىملىق پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ياڭ شىن مۇنداق تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن يېتەكچى پىكىر، ئاساسلىق نىشان، نۇقتىلىق ۋەزىپە قاتارلىقلارنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە قويغان يېڭى تەلىپىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىغا ئەگىشىپ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى ھەم كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

2017 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «يېڭى مەزگىلدىكى كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھات لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، 25 تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ، كەسىپ ئىشچىلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش، ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش، تىرەك بولۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە - مېخانىزمغا چېتىلىپ، كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەن. 2018 - يىلى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «تېخنىك ئىشچىلارنىڭ تەمىناتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، ماھارەت يۆنىلىشىدىن ئىبارەت رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، سەممىي ئەمگەك قىلىش، ئىجادىي ئەمگەك قىلىشقا يەنىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغىغان. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە ئىشقا ئورۇنلاشقان ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى تېخنىك ئىشچىلار 170 مىليونغا يېقىن بولۇپ، 25%نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار 48 مىليونغا يېقىن. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پەقەت پەن - مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك دۆلەت ئىستراتېگىيەسى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە قىلىپ چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭى بىلىم ئۆگىنىش، يېڭى ماھارەت ئىگىلەش، يېڭى قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشكە شارائىت يارىتىپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئەمگەكچىلەرنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتى قانچىكى كۆپ جۇغلانسا، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى شۇنچە زورىيىدۇ. كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يىراق كەلگۈسى چوڭ پىلانىدۇر. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «يېڭىلىق يارىتىشچان، ئەمەلىي قوللىنىشچان، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش» ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «ئەمگەكچىلەرنىڭ ماھارىتى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش» تەلەپ قىلىندى. دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىسى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، ماھىرلىق بىلەن ئۆگىنىدىغان، ئىجتىھات بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەخلاق يېتىلدۈرۈش، ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىمنى بېيىتىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ساھە، كەسىپلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى بىلىم ۋە تېخنىكا ئىلگىرىلىشىگە زىچ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، چوڭقۇر قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، تېخنىكا، ماھارەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. زامانىۋى كەسپىي مائارىپ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى قاتلام، ھەرخىل تىپتىكى كەسپىي مائارىپ ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنى جۇڭگو ياسىمىچىلىقى، جۇڭگو ئىجادىيىتىگە تىرەك بولىدىغان مۇھىم ئاساس بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رولغا ئىگە.» تېخنىك ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش، باھالاش، تەكشۈرۈپ باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ تەمىنات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ كەسپىي تەرەققىيات يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى رىغبەتلەندۈرۈش سىياستىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش، ماھارەت ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار ۋە چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈپ، جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىش غەيرىتى، دادىللىق بىلەن باشلامچى بولۇش شىجائىتى، جۇشقۇنلۇق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش جاسارىتىنى نامايان قىلىش كېرەك. كەسىپ ئىشچىلىرى ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى تەرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئاساسىي گەۋدىلىك كۈچ، جەمئىيەت بايلىقىنى يارىتىدىغان غوللۇق كۈچ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان تايانچ كۈچ، ياسىمىچىلىق كۈچلۈك دۆلىتى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتىكى جانلىق كۈچ. كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ ئىشچىلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش، تۆھپە قوشۇش - نەتىجە يارىتىش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئورنىنى ئۆستۈرۈش، قوشۇنىنى زورايتىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غايىلىك ۋە ئېتىقادلىق، تېخنىكا بىلىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتالايدىغان، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان زور كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يېڭى دەۋر كۆرەش داۋامىدا ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان دەۋر. بارلىق ئەمگەكچىلەر ئۆگىنىش، ئىشلەش، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا قىزىقسىلا، ھەقىقىي قابىلىيەت يېتىلدۈرەلەيدۇ، ياخشى تېخنىكا ئىگىلىيەلەيدۇ، شۇندىلا چوقۇم مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ، كېمىلەر بەس - بەستە دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن، يەلكەن چىقىرىپ كەسكىن رىقابەتتە چۈشكەن شىددەتلىك ئېقىنىنىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت كىشىلىك ھاياتىدا نەتىجە يارىتىپ، يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يېڭى مۇساپىسىدە قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ، خىسلىتىنى نامايان قىلالايدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى)**